# مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى

د.مەجدى ئەلھىلالىي

تەرجىمە قىلغۇچى:

ئابدۇلئەھەت ئابدۇلكەرىم

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ............................................................... 3
بىرىنچى، مۇسۇلمان نەزىرىدە ۋاقىت قىممىتى ................................ 6
ساھابە ۋە سەلەپلەرنىڭ ۋاقىتقا بولغان ھېرىسمەنلىكى: ......................... 6
ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشنىڭ ئۇسۇللىرى........................................ 10
ئىككىنچى، موسۇلمان ياشلارنىڭ ۋەزىپىسى.................................. 12
ئاللاھ يولىدىكى ۋەزىپىسى ................................................ 12
ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشنىڭ ھالاۋىتى ..................................... 13
ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىشىگە قانداق ئېرىشىمىز؟.............................. 14
موسۇلمان ياشنىڭ ئۆز نەپسىگە نىسبەتەن ۋەزىپىسى............................ 17
ئىنسان نەپسىنىڭ تەبئىتى.................................................. 17
ساھابە ۋە سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىگە تۇتقان مۇئامىلىلىرى..... 18
ئەقلىگە نىسبەتەن ۋەزىپىسى ............................................... 22
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە تەلىم بېرىشكە بولغان قىزغىنلىقى ........................................................ 23
ھەدىستىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەلەپ قىلىشى پەرز بولغان ئىلىم قايسى؟..... 24
ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ۋەزىپىسى ............................................ 26
ـ ھازىرقى موسۇلمانلارنىڭ ئىلىمگە بولغان ئېھتىياجى ......................... 27
نەسىھەت: ............................................................... 28
ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا نىسبەتەن ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى ......................... 29
موسۇلمان ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە قارىتا ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى ............... 33
ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى ....................................................... 36
لېكىن ھەر بىرىمىز ئىشنى قانداق باشلايمىز؟ ............................... 37
رېئاللىق بىلەن خىيال ئوتتۇرىسىدا ........................................ 38
تارىخنى ئوقۇڭلار ......................................................... 39
يولنىڭ تەبىئىتى.......................................................... 40
بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى قانداق قىلىپ بىرلەشتۇرۇش كېرەك؟..................... 42
ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈشىشنىڭ پەزىلىتى ................................. 44

## بسم الله الرحمن الرحيم

### مۇقەددىمە

بارلىق گۈزەل ماختاشلار الله تائالاغا خاستۇر . بىز ئۇ الله تائالانى مەدھىيىلەيمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم، ھىدايەت ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز. ۋە نەپسىمىزنىڭ يامان ئەمەللىرىمىزنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمىز. الله كىمنى ھىدايەت قىلسا ئۇ توغرا يول تاپقان بولىدۇ، الله ئازدۇرغانلارنىڭ توغرا يولغا باشلىغۇچىسى بولمايدۇ. بىر الله دىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، ئۇنىڭ شېرىكسىز ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋالىق بېرىمەن.

مۇسۇلمان ياشلارغا قىلىنىدىغان سۆزلەر باشقا ھەرقانداق كىشىگە قىلىنىدىغان سۆزلەردىن پەرقلىق بولىدۇ. ياشلىق،ھەممەتلەر يۇقىرى، قېنى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئۈمىدلەر تولۇپ تاشقان، تىرىشچانلىق، پىداكارانە روھقا ئىگە مەزگىلىدىن ئىبارەتتۇر.

شۇڭا ياشلىق مەزگىلى ئىسلام مەنتىقىسىدىمۇ مۇھىم ۋە قىممەتلىك ئورۇنغا ئىگە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشلارغا بۇ ھەقتە تەلىمات بېرىش مەقسىدىدە مۇنداق دېگەن: «بەش نەرسە كېلىشتىن بۇرۇن بەش نەرسىنى غەنىمەت بىل! ياشنىپ قېلىشتىن بۇرۇن ياشلىقىڭنى، كېسەل بولۇشتىن بۇرۇن ساقلىقىڭنى، پېقىرلىقتىن بۇرۇن بايلىقىڭنى، ئۆلۈمدىن بۇرۇن ھاياتلىقىڭنى، مەشغۇل بولۇشتىن بۇرۇن بوش ۋاقتىڭنى غەنىمەت بىل!».

ئەگەر موسۇلمان ياش ياشلىقنى غەنىمەت بىلىپ، ئۆزىنىڭ الله بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ياخشىلاشقا قادىر بولالىسا، نەپسى بىلەن جىھاد

www.munber.org

قىلىپ ئۇنى تەربىيىلىسە، ئىسلامنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي، بەك كەڭمۇ قويىۋەتمەي توغرا چۈشىنىشكە ئورۇنسا، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ يولدا توختاپ قالماي داۋاملىشىشى ئاسان بولىدۇ.

ئەمما بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلمەي قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان ۋە يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەنلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئورۇنمىغان كىشىگە نىسبەتەن بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن بولىدۇ. چۈنكى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ياشلاردىن تۇرمۇش ئۈچۈن ئۈنچىۋالا كۆپ بەدەل تۆلەش تەلەپ قىلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ھاياتقا كېرەكلىك سەرپىياتلارنىڭ يۈكلىرىدىن خېلى دەرىجىدە خالى بولۇپ ئۇلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن توي قىلىپ، ئۈستى - ئۈستىلەپ مەسئۇلىيەتلەر ئارىسىدا قالغان كىشىگە ئوخشىمايدۇ. بىز مۇشۇنداق پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن نادامەت ئىچىدە ئۆرتەنگەن ھالدا ئۆز - ئۆزىگە: نېمە ئۈچۈن الله غا يېقىنلىشىشقا، الله غا يېقىنلاشتۇرىدىغان ناماز، زاكات، زىكرىدىن ئىبارەت تائەتلەرنى قىلىشقا، قۇرئاننى يادلاش، دىنى ئەھكاملارنى ئۆگىنىشكە، ئىسلامغا خىزمەت قىلىش ۋە توغرا يولدا مېڭىش ئۈچۈن ئورۇنمىغانمەن؟ نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن؟ دەۋاتقان قانچىلىغان ياشلارنى كۆردۇق ۋە كۆرىۋاتىمىز. بۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەنلا مەشغۇل بولىۋاتقان نۇرغۇن ياشلارنى بارماقلىرىنى پۇشايمان قىلىپ چىشلىگەن ھالدا ئۆزىگە يۈزلەندۈردى ۋە يۈزلەندۈرىۋاتىدۇ.

ئۆزىمىزنى مۇشۇخىل ئۈمىدلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەتكۈزۈپ قويغان بوش ۋاقىتلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ياشلارنىڭ ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى!

سەن ئۆزۈڭنى قۇرئان ئوقۇشقا، كېچىدە تۇرۇپ ئىبادەت قىلىشقا ياكى كىتاب كۆرۈپ دىنىنى چۈشىنىشكە ۋاقىت ئاجرىتالمىغۇدەك دەرىجىدە ئالدىراش، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باق.

www.munber.org

سەن ئۆزەڭنى ئۈمىدلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قولدىن كەتكەن بوش ۋاقىتلارغا، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمىغان چاغلارغا قايتىشنى ئۈمىد قىلغان هالدا تەسەۋۋۇر قىلىپ باق... دەل موشۇ ۋاقىتتا ئۆز نەپسىڭگە: سەن هېلىهەم ئارمانلىرىڭ ۋە مەسئۇلىيەت ئۇ قەدەر كۆپ بولمىغان بوش كۈنلىرىڭ ئىچىدە ياشاۋاتىسەن، ئى نەپسىم تۇر! پۇرسەت قولدىن كېتىشتىن بۇرۇن ئەمەلگە تۇتۇش قىلايلى! دېگىن... بىراق، هەر بىرىمىز ئەمەل قىلىشنى ئويلاشتىن بۇرۇن، ماڭماقچى بولغان يول خەرىتىسىنى بەلگىلەش، ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمان ياشتىن تەلەپ قىلىنىۋاتقان مەجبۇرىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بەلگىلىۋېلىشىمىز لازىم.

بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ئەڭ مۇهىملىرى توغرىسىدىكى سۆزىمىز، الله خالىسا ئالدىمىزدىكى سەهىپىلەردىن ئورۇن ئالىدۇ.

مەن الله تائالانىڭ مەندىن بۇ ئەمەلنى قوبۇل قىلىشىنى، قايمۇقۇپ قالغانلار ئۈچۈن يولباشچى قىلىپ بېرىشىنى، گۇناهىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى ۋە قېرىنداشلىرىم بىلەن جەننەتتە بىر ئارىغا توپلىشىنى سورايمەن.

www.munber.org

## بىرىنچى، مۇسۇلمان نەزرىدە ۋاقىت قىممىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئىككى خىل نېئمەت بار، كۆپىنچە كىشىلەر ئۇ ئىككى خىل نېيمەتتىن زىيان تارتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، سالامەتلىك ۋە بوش ۋاقىتتۇر» دەيدۇ.

شائىر مۇنداق دەيدۇ :

ئەڭ قىممەت نەرسىدۇر ۋاقىت ئۇنى مەھكەم ساقلىماق ئۈچۈن

ۋە لېكىن قاچىدۇ قولدىن شۇنچە تىز كىشىنى نادامەت چەكتۈرمەك ئۈچۈن

**ساھابە ۋە سەلەپلەرنىڭ ۋاقىتقا بولغان ھېرىسمەنلىكى:**

شۇڭا ساھابە ۋە سەلەپلەر(بۇ ئۇممەتنىڭ ئەڭ ياخشى دەۋرلىرىدە ياشىغان كىشىلەر) ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى ياخشى بىلگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىنى تولىمۇ قەدىرلەيتتى. ھەمدە ئۇلار «ۋاقىتنى زايە قىلىش يامانلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. ۋاقىت قىلىچتۇر ئەگەر سەن كەسمىسەڭ ئۇ سېنى كېسىدۇ» دېيىشەتتى. ئۇلار بۈگۈنىنىڭ تۈنۈگۈنىدىن، ئەتىسىنىڭ بۈگۈنىدىن ياخشى بولۇشى ئۈچۈن، دائىم بىر باسقۇچتىن تېخىمۇ ياخشىراق بولغان يەنە بىر باسقۇچقا تەرەققىي قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇلار بۇ ھەقتە «بۈگۈنى ـ تۈنۈگۈنى بىلەن ئوخشاش ئۆتكەن كىشى زىيان تارتقان كىشىدۇر. بۈگۈنى تۈنۈگۈنىدىن يامان ئۆتكەن كىشى مەلئۇن كىشىدۇر» دېيىشەتتى.

ھەسەن ئەلبەسرى «ئى ئادەم بالىسى! سەن بىر قانچە كۈندىنلا ئىبارەتسەن، ئەگەر بىر كۈن ئۆتسە سېنىڭ بىر قىسمىڭ تۈگىگەن بولىدۇ، ئەگەر بىر قىسمى تۈگىسە ھەممىسى تۈگەشكە يېقىنلاشقان بولىدۇ. سەن ئۇنداق بولۇشنى بىلگەن ئىكەنسەن، ئەمەل قىل» دەيدۇ.

www.munber.org

ئۆزلىرى تۆپىماستىن ئۆمۈرلىرىنىڭ مەنىسىز ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلار پۈتۈن قىزغىنلىقى بىلەن، بىر كۈن ياكى بىر ئىچىدىكى ۋاقتىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى بولسىمۇ پايدىلىق ئىلىم، سالىھ ئەمەل،نەفسى بىلەن جىھاد قىلىش ۋە ياكى باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىش ئەمەل بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشاتتى.

ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: مەن ھېچقانداق بىر نەرسىگە، قۇياش پاتقان، ئەجىلىم قىسقارغان، ئەمىلىم كۆپەيمىگەن بىر كۈنگە پۇشايمان قىلغاندەك پۇشايمان قىلىپ باقمىدىم.»

**ئالىملارنىڭ نەزىرىدىكى ۋاقىتنىڭ قىممىتى:**

تەفسىرشۇناش ۋە ھەدىسشۇناسلارنىڭ شەيخى ئىمام ئىبنى جەرىر ئەلتەبەرى بىر كۈنى ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە: قۇرئاننىڭ تەپسىرىنى يېزىپ چىقىشقا تىرىشامسىلەر؟ دېدى. ئۇلار: قانچىلىك مىقداردا؟ ـ ، دەپ سورىشىشىدى، ئۇ: ئوتتۇزمىڭ ۋاراق، دەپ جاۋاپ بەردى. ئەتراپىدىكى كىشىلەر:

ـ ئۇنى پۈتتۈرۈپ بولۇشتىن بۇرۇن ھاياتىمىز ئاخىرلىشىپ كەتسىچۇ؟ دېيىشتى. تەبەرى ئۇنىڭ ھەجىمىنى ئۈچ مىڭ ۋاراق ئەتراپىغا قىسقارتتى ۋە ئۇنى يەتتە يىل ئىما قىلىپ بەردى. بۇلاردىن كېيىن ئۇلارغا:

ـ ئادەم ئاتىمىزدىن تارتىپ تا زامانىمىزغىچە بولغان دۇنيا تارىخىنى يېزىشقا تىرىشامسىلەر؟ دېۋىدى، ئۇلار:

ـ قانچىلىك مىقداردا؟ دەپ سوراشتى. ئىمام ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا جاۋاپ بەردى. ئۇلارمۇ ئىلگىرىكىدەكلا جاۋاپ قايتۇرۇشتى. ئاندىن ئۇ «توۋا خۇدايىم، ھىممەتلەر ئۆلۈپتۇ» دىدى ۋە ئۇنىمۇ تەپسىرگە ئوخشاش مىقداردا قىسقارتتى.

www.munber.org

ئىمام ئەبۇلۋاپا ئىبنى ئەقىل ئەلھەنبەلى مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ئۆمرۈمدىن بىر سائەتنىمۇ بىكار ئۆتكۈزىۋېتىش ھالال ئەمەس. تىلىم مۇزاكىرىدىن، كۆزۈم ئوقوشتىن توختاپ قالغان تەقدىردە، ياتقان ھالىتىمدە داۋاملىق پىكىر قىلىمەن ـ دە، يازغۇدەك بىر نەرسە خىيالىمغا كەچمىگىچە ئورنۇمدىن ھەرگىز تۇرمايمەن. ئىلىمگە بولغان ھېرىسمەنلىكىمنى **20** ياشلىق ۋاقتىمدىكىگە قارىغاندا **80** يېشىمدا تېخىمۇ ئاشتى، دەپ ھېسابلايمەن.ئۇ بەزىلەر تەرىپىدىن **800** جىلد دەپ قارىلىۋاتقان « كىتابۇل فۇنۇن» (سەنئەتلەر) ناملىق ئەسەرنى يازغان.

ئىمام نەۋەۋىينىڭ ئىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: شەيخىمىز (اللهھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ماڭا، ئىش ۋاقتىدىن باشقا مەيلى كېچە ياكى كۈندۈز بولسۇن ۋەياكى يولدا كېتىۋاتقان ۋاقىتلىرى بولسۇن ۋاقتىنى زايە قىلىۋەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئۇ، بۇ ئەھۋالنى ئالتە يىل داۋام قىلدۇرغاندىن كېيىن، كىتاب يېزىش، باشقىلارغا ئىلىم ئۆگىتىش، نەسىھەت قىلىش، ھەقنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بىر كېچە ـ كۈندۈز ئىچىدە سەھەردە بىرلا قېتىم تاماق يەپ، بىر قېتىم ئىچىملىك ئىچەتتى . ئۇ، داۋاملىق كىتاب يېزىش، ئىلىم تارقىتىش، ئىبادەت قىلىش، دۇئاقىلىش، روزاتۇتۇش ۋە زىكىر قىلىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. تۇرمۇشىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىكى قاتتىقچىلىقلىرىغا كۆنۈك ئىدى.

ئىبن ئەلجەۋزىنىڭ نەۋرىسىنىڭ « مەن بوۋامنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ ئەشۇ ئىككى ملك جىلدنى موشۇ بارماقلىرىم بىلەن يازدىم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دەيدۇ.

«لەقەم ۋە تەخەللۇسلار» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتۇرى مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى قەييۇم ئەلجەۋزى ھەدىس يېزىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن نۇرغۇن

www.munber.org

قەلەملەرنىڭ قالدۇقلىرى خېلىلا كۆپ توپلىنىپ قالغان بولۇپ، ۋاپاتىدىن كېيىن شۇ قالدۇق قەلەملەر بىلەن سۇ ئىسسىتىپ يۇيۇشقا ۋەسىيەت قىلغان.ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئۇقەلەملەر قالاش بىلەن سۇ ئىسسىتىلغان ۋە يۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ قالغان.

**بىر ئاتىنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتى:**

ئىمام ئىبنى ئەلجەۋزى ئوغلىغا نەسھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : ئىي ئوغلۇم! شۇنى بىلگىنكى، ئىككى پەرىشتە سېنىڭ ھەر بىر سۆزۈڭ، ھەتتا ئەتراپقا بېقىشتىلىرىڭغىچە ساناپ تۇرىدۇ. تىرىكلىك سەپىرىدىكى ھەر بىر نەپەس ھاياتىڭ ئاخىرلىشىشىغا قاراپ بېسىلغان ھەربىر قەدەمدىن ئىبارەتتۇر. قەبرىدە تۇرۇش مىقدارى ئۇزۇندۇر. ئازاب ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگەشكەنلەرگە قاتتىقتۇر. تۈنۈگۈنكى راھەت ـ پاراغەت، لەززەتلەر قېنى؟ ئۇ كەتتىپ ئۇنىڭدىن پەقەت نادامەتلەر قالدى. نەپسىنىڭ شەھۋەتلىرىچۇ؟ ئۇمۇ كەلمەسكە كەتتى. ئى ئوغلۇم! ئۆز ھاۋايى ھەۋىسىگە خىلاپلىق قىلىشتىن بەكراق بەخت ـ سائادەت بولمىغىنىدەك، دۇنيانى ئارتۇق بىلىشتىن بەكراق شەقىيلىكمۇ بولمىسا كېرەك. ئۆتمۈشتىكى شاھلار ۋە زاھىدلار ھەققىدە ئويلان!... ئۇلارنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ۋە چارچاشلىرى نەلەردە قالدى؟ گويا ئاچ كىشىلەر ئېچىرقاشنى سەزمىگەندەك، تولار تويۇپ باقمىغاندەك، كاتتا ساۋاب ۋە گۈزەل ئەسلىمىلەر سالىھ كىشىلەرگە، دەرد ـ ئەلەملەر ئاسىيلارغا نېسىپ بولمىدىمۇ؟

ئى ئوغلۇم! ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول!بىھۇدە ئۆتكەن كۈنلىرىڭگە پۇشايمان قىلىشنى ئۇنۇتما. پۇرسىتىڭ بولغانكەن، يېتىشكەنلەر سېپىگە قېتىلىشقا تىرىشقىن. شاخلىرىڭ قۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇن پەرۋىش قىل، ئۇنىڭغا ئوسسۇلۇق بەر! ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىڭنى ئەسلەپ، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئال! ئى ئوغلۇم! شۇنى بىلگىنكى كۈنلەر سائەتلەرگە، سائەتلەر نەپەس ـ تىنىقلارغا ئىشارە قىلىدۇ. ھەر بىر تىنىق سەن ئۈچۈن بىر ئىشكاپتىن ئىبارەتتۇر. قىيامەتتە ئىشكابىڭنىڭ قۇرۇق چىقىپ قېلىپ، پۇشايمان قىلماسلىقىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن!

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى سۇبھانالللاھى ۋە بىھەمدىھى» دىسە ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتە بىر تۈپ خورما دەرىخى تىكىلىدۇ.

ئوغلۇم! زايا بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلارنىڭ تىكىلمەي قالغان قانچىلىغان خورمىلارغا ئىشارە قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باق!

ئەي ئوغلۇم! كىمكى دۇنيانى توغۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئويلىسا،دۇنيا ئۇنىڭغا ئۇزۇن كۆرۈنگەندەك، تۇغۇلغاندىن كېيىن ئويلىسىمۇ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. قەبرىدە ئۇزۇن تورىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. ئەگەر جەننەت ياكى دۇزاختا تورۇشنى ئويلاپ قالسا، ئۇنىڭ نىھايىتى يوقلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ تەپەككۇر تىمىسىنى دۇنيادا ياشىغان مىقدارى ئاغدۇرۇپ باقسا ( مەسىلەن ئۇ، **60** يىل ياشىغان دەيلى)، چوقۇم **20** يىلنى ئۇخلاش، **10** يىلنى ئۆسمۈرلۈك، نادانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، قالغانلىرىنى شەھۋەت، ھاۋايى - ھەۋەستەك ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسا، ئاخىرەتنىڭ «مەڭگۈلۈك» ھاياتىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن رىيا ۋە نۇرغۇنلىغان غاپىلىلىقلارنىڭ قالغانلىقىنى ئۇچۇرىتىدۇ. ئۇ ئەبەدىيلىك ھاياتنى نېمە بىلەن سېتىۋالىدۇ؟ پۇل دېگەن مۇشۇ ۋاقىتلاردىن باشقا نەرسىمۇ؟!!!

## ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشنىڭ ئۇسۇللىرى

شەيخ ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇ غەددە مۇنداق دەيدۇ:

ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى، قىلىدىغان ئىشلارنى رەتكە سېلىش، قۇرۇق سۆز - چۆچەكلەردىن يىراق تۇرۇش، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئارتۇق تەرەپلىرىنى تاشلاش، دانىشمەن، ئەقىللىق، ۋاقىتنى ۋە ھەربىر دەقىقىلىرىنى چىڭ تۇتۇشتا سەگەك تۇرىدىغان كىشىلەرنى دوست تۇتۇش، يېتىشكەن، ئىش -

www.munber.org

ئىزلىرى كۆپ ئالىملارنىڭ تەرجىمھاللىرىنى ئوقۇشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى شۇنداق قىلىش ساڭا ۋاقتىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە ئۇنى قوغداشقا ئۈندەيدۇ.

شۇنى بىلگىنكى، ئۆمۈر ئوزۇن بولسىمۇ، كۆنسېرى ئازلاپ مېڭىۋېرىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭ تېز ئۆتۈدىغانلىغىنى، كەتسە قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇيسەن ـ دە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى چىڭ تۇتۇشتىن غاپىل قالىسەن

ئىمام ئەھمەد «ياشلىق گويا يېڭىمنىڭ ئىچىدىكى بىر نەرسىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكىنىگىلا ئوخشايدۇ» دەيدۇ.

بەزىلەرنىڭ خىيالىغا كەلگۈكىسىدىكى كۆنلەر مەشغۇلاتلاردىن خالي، توسالغۇسىز، راۋان بولىدىغانىدەك، ئۇ چاغدا ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق مەزگىلىدىكى كۆنلەرگە قارىغاندا خېلىلا بىكار بولۇپ قالىدىغانىدەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما رىئاللىق بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ.

ئى ئەزىز قېرىندىشىم! يېشىڭ چوڭايغانسېرى مەسئۇلىيەتلىرىڭ چوڭىيىدۇ، ئالاقىلىرىڭ كۆپىيىپ، ۋاقتىلىرىڭ قىس بولىدۇ، كۈچ ـ قۇۋۋەتلىرىڭ زەئىپلىشىدۇ. چوڭ بولغاندىكى ۋاقىت بەكمۇ زىچ، تەنمۇ ئاجىز، سالامەتلىكمۇ بارغانسېرى ناچارلىشىدۇ، ھەركەتچانلىقمۇ ئازلايدۇ،ئەكسىچە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار كۆپ ۋە ئېغىر بولىدۇ. تۇر قېرىندىشىم! ئۆمۈر مەنزىللىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئېنىقسىز ئىشلار بىلەن ئالاقىسى يوق. ھەر بىر شارائىت، ئۆزىنىڭ مەشغۇلات، جىددىيچىلىك ۋە تاسادىپىلىكلىرى بىلەن تولغاندۇر.

www.munber.org

# ئىككىنچى، موسۇلمان ياشلارنىڭ ۋەزىپىسى

موسۇلمان ياشلاردىن تەلەپ قىلىنغان ۋەزىپىلەر ناھايىتمۇ كۆپ ۋە ساناقسىز بولۇپ، بۇ يەردىكى چەكلىك سەھىپىلەردە ھەممىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش بىز ئۈچۈن قىيىن.

شۇڭا ئۇنىڭ موھىملىرىغا (ئىلمىمىزنىڭ چەكلىكلىكىنى ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا) ئۆلىما ـ ئۇستازلارنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق نەزەر تاشلاپ ئۆتۈپ كېتىمەن.

ھەمدە مەيلى توغرا ياكى خاتا قىلاي الله تائالانىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشىنى ۋە ساۋابىدىن مەھرۇم قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1) .

# ئاللاھ يولىدىكى ۋەزىپىسى

الله تائالا بىر ھەدىس قۇدسىدە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”كىمكى مېنىڭ دوستۇمغا دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن. بەندەمنىڭ ماڭا مەن پەرز قىلغان ئەمەل ئارقىلىق يېقىنلىق ئىزدىگىنى، مەن ئۈچۈن باشقا ھەر قانداق ئەمەللەر ئارقىلىق يېقىنلىق ئىزدىگەندىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر. بەندەم بۇيرۇلغان پەرز ئەمەللەردىن سىرت ماڭا قوشۇمچە (يەنى نەپلە) ئەمەللەر بىلەن يېقىنلىشىدۇ. ھەتتا مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. قاچانكى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرسەم ئۇنىڭغا ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ بېرىمەن (دېمەك ھەر بىر ئەزالىرىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمەن). مەندىن بىر نەرسە سورىسا شۇنى بېرىمەن، پاناھلىق سورىسا پاناھىمغا ئالىمەن“».

www.munber.org

موسۇلماندىن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسە الله تەرىپىدىن پەرىز قىلىنغان پەرزلەر ئادا قىلىش ۋە توسقان ئىشلىرىدىن يېنىش... الله تائالاغا يېقىنلىشىشنى ئىرادە قىلغان كىشى، پەرزلەرنى كامىل ئادا قىلغاندىن سىرت، نەپىل ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىشى ۋە الله تائالاغا يېقىنلىشىشتىن ئىبارەت غايىگە يەتكەنگە قەدەر يۇقۇرىقى ئىبادەتلەرنى ئىجرا قىلىش يولىدا نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشى ۋە الله تائالانىڭ ﴿سېنى رازى بولسۇن دەپ بۇ يەرگە ئالدىراپ كەلدىم﴾[1] دېگەن ئايىتىنى داۋاملىق تەكرارلىشى لازىم.

ئى بۇرادىرىم! ئىبنى مەسئۇدنىڭ «كىمكى ئىشىكنى داۋاملىق قېقىۋەرسە ئىشىك ھامان بىركۈن ئېچىلىدۇ» دېگىنىگە ئوخشاش، بىز داۋاملىق ھالدا الله نىڭ ئىشىكىنى قېقىشتىن توختاپ قالماسلىقىمىز لازىم.

داۋۇت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! مەن سەندىن سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى، سەن ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ مۇھەببىتىنى، سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە يەتكۈزىدىغان ئەمەللەرنى سورايمەن. ئى الله، سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى ماڭا نەپسىمدىن، ئەھلىمدىن ۋە سوغۇق سۇدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك قىلغىن.»

www.munber.org

## ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىششىنىڭ ھالاۋىتى

الله ئەززە ۋەجەلنىڭ مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭغا دائىم يېقىن تۇرۇش ئەڭ ئاخىرقى غايە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق غايە يوق. ئۇنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغانلار، مۇقەررەر ھالدا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمىتىنى قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ.

---

[1] تاھا سۈرىسى، 84- ئايەت.

ئىمام ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: اللە نىڭ مۇھەببىتىنىڭ مەنزىلى، مۇسابىقىلىشىدىغانلارنىڭ دۇئاگاھى، دوستلىشىدىغانلار ئۇنىڭغا قايتىدىغان، مەيىن، ئىللىق شاماللىرىدىن ئابىدلار روھلىنىدىغان مەنزىلدۇر. مانا بۇ - قەلبلەرنىڭ قۇۋۋىتى، روھلارنىڭ غىزاسى، كۆزلەرنىڭ خۇشاللىقىدۇر. ئۇ، شۇنداق بىر ھاياتكى، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالغانلار ئۆلۈكلەر قاتارىدىندۇر. ئۇ بىر نۇركى، ئۇنى يوقاتقان كىشى زۇلمەت دېڭىزىدىدۇر. ئۇ بىر شىپادۇركى، قەلب ئۇنىڭسىز پۈتۈن كېسەللەرگە مۇپتىلا بولىدۇ. ئۇ بىر لەززەتكى، ئۇنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن كىشىنىڭ ھاياتى غەم - قايغۇغا ئەسىربولىدۇ. ئۇ ئەمەل ۋە ئىمان روھىدۇر. ئۇنىڭدىن خالى بولغان ئەمەل ۋە ئىمان روھسىز جەسەتكە ئوخشاشتۇر.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەنمۇ بۇ دۇنيادا بىر جەننەت بار بولۇپ، ئۇنىڭغا كىرەلمىگەن كىشى ئاخىرەتتىكى جەننەتكىمۇ كىرەلمەيدۇ.

يەنە بىر كىشى: دۇنيا ئەھلىنىڭ مىسكىنلىرى ئۇنىڭدىكى ئەڭ ياخشى نەرسىنى تېتىمايلا چىقىپ كېتىپ قالدى دەيدۇ. ئۇ كىشىدىن ئۇنىڭدىكى ئەڭ ياخشى نەرسە نىمە ؟ دەپ سورالغاندا ئۇ: اللە نىڭ سۆيگۈسى، ئۇنى تونۇش ۋە ياد ئېتىشتۇر، دەپ جاۋاب بەرگەن.

يەنە بىرى مۇنداق دەيدۇ: مەن شۇنداق بىر ۋاقىتلارنى باشتىن كەچۈرىمەنكى، ئەگەردە جەننەت ئەھلى موشۇنىڭغا ئوخشاش بولسا، ئۇلار داۋاملىق نېمەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ، دەيمەن.

## ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىشىگە قانداق ئېرىشىمىز؟

...بۇ يەردىن باشلاپ دىمەكچى بولغىنىمىز، ھەقىقەتەنمۇ ئىنساننىڭ رەببىنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ تەقەززالىرىدىن بىرى ئۇنىڭ دائىم رەببى بىلەن مەشغۇل بولۇشى ۋە ئۇنىڭغا ئىبسىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. قەلبلەرنى

www.munber.org

ئىبادەتتىكى ئىخلاستىن باشقا ھېچ بىرنەرسە پاكلىيالمايدۇ. بولۇپمۇ كېچىدە ناماز ئوقۇش، شۇڭا بىز ھېچ بولمىغاندا تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت بولسىمۇ ناماز ئوقۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق رەببىمىزگە شۈكرىمىزنى بىلدۈرىشىمىز، بىزنىڭ خارلىق، كەمچىللىك تەرەپلىرىمىزدىن شىكايەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىشىمىز لازىم.

قۇرئاننى داۋاملىق تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇشنى ۋە ئاز دېگەندە ئايدا بىر قېتىم بولسىمۇ خەتمە قىلىشنى ئونۇتماسلىقىمىز لازىم. بولۇپمۇ تاڭ ئېتىش ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىشىمىز لازىم. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى) چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ.»[1]

ھەمدە نامازدا تورغان چاغلىرىمىزدا كۆپرەك دۇئا قىلىپ اللہ غا يېغلىشىمىز، داۋاملىق ئۆلۈم توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىش كېسەللەرنى يوقلاش، قەبرىستانلىقلارنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىشىمىز لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ساھابە كىراملار، سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇشىمىز لازىم. بۇنىڭدا بىلەن ئۇلارغا يېتىشىپ قالساق ئەجەپ ئەمەس.

بۇنىڭدىن باشقا بىز بارلىق ھەرىكەت، سۈكۈنات، سۆز ۋە پىئىللىرىمىزدا اللہ نىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئاساس قىلىشىمىز ۋە قەلبىمىز ھازىر بولمىغان تەقدىردىمۇ تىلىمىزنى اللہ نى زىكىر قىلىش بىلەن مەشغۇل قىلىشىمىز لازىم.

ئىبنى ئاتا مۇنداق دەيدۇ: اللہ نى زىكرى قىلىشنى سەن ئۇنى زىكرى قىلغاندا بىرگە بولالمىغانلىق سەۋەبى بىلەن تەرك ئەتمە! چۈنكى زىكرىدە

[1] ئىسرا سۈرىسى، 78- ئايەت.

www.munber.org

غەپلەتتە قېلىشتىن ئۆنى زىكرى قىلىشتىن غەپلەتتە قېلىش يامانراقتۇر. اللّٰه سېنى غەپلەت ئىچىدە زىكرى قىلغۇچىلار سېپىدىن ھەقىقىي روھلۇق، قەلبى ئويغاق ھالدا زىكرى قىلغۇچىلار قاتارىغا چىقىرىپ قويسا ئەجەپ ئەمەس... بۇ اللّٰه ئۈچۈن تەس ئەمەس.

روزا تۇتۇشنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. ئاچلىقتىن ئىنساننىڭ بەدىنى پاكلىنىدۇ، قەلبى يۇمشايدۇ، ياشلىرى تۆكۈلىدۇ ۋە بارلىق ئەزالىرى ئىبادەتكە ئالدىرايدىغان بولۇپ، دۇنيادا كەرەملىك ھالدا ياشايدۇ.

www.munber.org

(2)

## موسۇلمان ياشنىڭ ئۆز نەپسىگە نىسبەتەن ۋەزىپىسى

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿روھ بىلەن ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە فىسقى ـ فوجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ﴾[1] ﷲ تائالا نىجاتلىقنى روھنىڭ پاكلىنىشىغا، ھالاكەتنى ئۇنىڭ ئېتىبارسىز قالدۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك قىلىپ قويغان. بىز شۇنى كەسكىن بىلىشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمىنىمىز نەپسىمىزدۇر. ئىنساننىڭ نەپسى يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدىغان، يامانلىققا مايىل، ياخشىلىقتىن قاچىدىغان خاراكتېردە يارىتىلغان. بىز ئۇنى پاكلاش، تۆزەش ھەمدە بېسىم زەنجىرلىرى بىلەن نەپسلەرنى ياراتقان ﷲ نىڭ ئىبادىتىگە كۆندۈرۈشكە ۋە نەپسىنى لەززەت ۋە شەھۋەتلەرگە بېرىلىشتىن يىراق تۇتۇشقا بۇيرۇلدۇق. ئەگەر بىز پەرۋاسىز قارايدىغان بولساق ھەرگىزمۇ نەپسلىرىمىز ئۈستىدىن غالىب كېلەلمەيمىز. ئەگەر بىز نەپسىمىزنى تۇرلۇك ئىنتىلىشلىرىدىن توسۇپ، ئۇنىڭغا ياخشى كۆڭۈل بۆلۈپ تەربىيىلىسەك ﷲ تائالا ئۇنىڭ بىلەن قەسەم قىلىپ «مالامەت قىلغۇچى، ئارام تاپقۇچى» دەپ ئاتىغان نەپسلەر قاتارىغا كىرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس؟؟

## ئىنسان نەپسىنىڭ تەبىئىتى

نەپسىنىڭ تەبىئىتى، ئۆز ـ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىش، رەھبەرلىك تۇيغۇسى، شۆھرىتىنى تارقىتىش، تەكەببۇرلۇق، ئۆز ـ ئۆزىدىن

---

[1] شەمس سۈرىسى، 7- 10- ئايەتكىچە.

www.munber.org

پەخىرلىنىش، رىياخورلۇق قىلىش ۋە مەغرۇرلۇقنى ياخشى كۆرىدىغان، دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ، ئۆلۈمدىن سەسكىنىدىغان، تاماخورلۇق، بېخىللىق، شەھۋەتپەرەستلىك ۋە ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله بىزنى ئۇنىڭغا قارشى جىھاد قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ.﴾[1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز . اللهھ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللە بىللىدۇر﴾[2]

www.munber.org

## ساھابە ۋە سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىگە تۇتقان مۇئامىلىلىرى

ساھابىلەر، سەلەپ ـ سالىھلار ۋە بۇ ئۇممەتنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن سالىھ كىشىلىرى ئۆز نەپسلىرى بىلەن بولغان جىھادنى داۋاملىق تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

ھەسەن ئەلبەسرى قۇرئان كەرىمدىكى ﴿ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى بىلەن قەسەمكى (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، چوقۇم سىلەردىن ھېساپ ئېلىنىدۇ)﴾ دېگەن ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: مۆمىن كىشى دائىم قىلغان سۆزى، يېگەن تامىقى، ئىچكەن ئىچىمىلىكلىرىدىن نېمىنى مەقسەت قىلدىم؟ دەپ داۋاملىق ئۆز ئۆزىگە

[1] نازىيات سۈرىسى، 40- ئايەت.
[2] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 69 - ئايەت

كـايىش بىلـەنلا بولـدۇ. ئـەمما فـاجىر بـۇنىڭغا ھېچبىـر پـەرۋا قىلمـايلا كېتنۇۋېرىدۇ.

سۇفيان ئەسسەۋرى مۇنداق دېگەن: مەن نەپسىمدىن يامانراق بىر نەرسە بىلەن كۆرەش قىلىپ باقمىدىم. بىر قېتىم مەن يەڭسەم يەنە بىر قېتىم مېنى يېڭىدۇ.

ئەبۇل ئابباس ئەلمۇسلى ئۆز نەپسىگە خىتاپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى نەپس! يا بۇ دۇنيادا پادىشاھ باللىرى بىلەن راھەت كۆرمەيسەن ۋە ياكى ئاخىرەتلىكنى تەلەپ قىلىپ ئابىدلار بىلەن ئىبادەتمۇ قىلمايسەن، خـۇددى سـەن مېنـى، دوزاخ بىلـەن جەننـەت ئوتتۇرىسـىدا تـوختىتىپ قويىدىغاندەكلا ھېس قىلىمەن. ھايا قىلمامسەن ئى نەپس؟

بىر ئادەم ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن «قاچان سۆزلەيمەن؟» دەپ سـورىغاندا، ئـۇ « كـۆڭلۈڭ سـۆز قىلىشـنى تارتمىغانـدا» دەپ جـاۋاب بەرگەن. يەنـە «قاچان گـەپ قىلماي جىـم تورىمـەن؟» دەپ سورىغاندا، «كۆڭلۈڭ سۆزلەشنى خالىغاندا» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

مالىك ئىبنى دىنار كۆڭلىنىڭ بىر نەرسىگە ئىنتىلگىنىنى كۆرگىنىدە نەپسىگە خىتاپ قىلىپ «سەۋرى قىل! اللّٰه بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى پەقەتلا سېنىڭ ماڭا كەرەملىك بولغىنىڭ ئۈچۈنلا توسىمەن» دەيتتى.

يەنە بىرى نەپسىگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: تەقۋاسىزلىق بىلەن قىلغان ئەمەل پايدىسىزدۇر. سېنىڭ قۇمدەك گۇناھلىرىڭ تورۇپ، يەنـە تېخـى جەننـەتتىكى ھۆرلـەرنى تامـا قىلىۋاتامسـەن؟ ئالـدىرىما سـەن شارابسىزلا مەستخۇش بولۇپ قاپسەن.

يەنە بىر كىشى ئۆز نەپسى توغرىسىدا «نەپسىمگە ئەگەشكىنىمدە ئۇ ماڭا سولتان بولدى، ئەگەشتۈرگىنىمدە ئۇلتان..» دېگەن.

يەنـە بـىرى «قەلبىنىڭ دورىسـى، قۇرئاننى تەپەككۇر بىلـەن ئوقـۇش، ئىخلاسمەن بولـۇش، كېچىـدە ناماز ئوقۇش، سـەھەر (بامـدات نامزىـدىن

www.munber.org

بۇرۇن) تۇرۇپ اللە غا ئىبسلىش، ياخشى كىشىلەر بىلەن ھەم سۆھبەت بولۇشتىن ئىبارەت بەش تۈرلۈكتۇر»[1] دېگەن.

داۋا: يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە سەلەپىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن شۇ نەرسە ئايدىڭلاشتىكى، نەپسىنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى كۆڭۈل تارتقان ۋە ئۇ باشلىغان يولنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بەدەندىكى كېسەلنى داۋالاشتا ئاچچىق دورا، كۆڭۈل تارتقان نەرسىلەردىن قاتتىق پەرھىز تۇتۇشتەك ئېغىرچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندەك،بۇ كېسەلدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈنمۇ ئىرچىل سەۋر، كەسكىن كۆرەش قىلىشتەك جەريانلارنى بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىش بەكلا مۇھىم. چۈنكى بەدەندىكى كېسەللىك ئۆلۈم بىلەن تۈگەللىنىدۇ، بىراق قەلبنىڭ كېسەللىكى (اللە ئۇنىڭدىن پاناھ بەرسۇن) ئۆلۈمدىن كېيىنمۇ ئەبەدىي داۋاملىشىدىغان يامان كېسەلدۇر.

ھەر بىرىمىزنىڭ ئۆز نەپسلىرىمىز ئۈستىدىن غەلبە قىلىشىمىز ئۈچۈن ئۇنى داۋاملىق تۈردە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدىغان، كېچىدە ناماز ئوقۇش، سەجدە قىلىش، سەھەردە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ كۆز يېشى قىلىش، ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنى ئەسلىتىپ تۇرۇش ۋە بۇلاردىن باشقا ئىنساننى اللە غا يېقىنلاشتۇرىدىغان تائەتلەر ئالدى بىلەن ئەمەل قىلغۇچىنىڭ ئۆزىدە تەسىر قالدۇرالىغان بولۇشىدىن ئىبارەت بىر خىل مۇھىت قورشاپ تۇرغان بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بۇلۇدىكى كىشى ئاخىرەتنى دۇنيادىن ئۈستۈن كۆرىدىغان، پۈتۈن دىققىتىنى قىيامەت كۈنىدە ھېساب بېرىش غېمىغىلا قارىتىدىغان بولىدۇ. بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، بىزنىڭ ھەربىرىمىز ئۆزلىرى مۇپتىلا بولغان قەلب كېسەللىرىنى داۋالىيالايدۇ. چۈنكى ئۇ، مۇشۇ ۋاقىتتىلا بۇ كېسەلنىڭ دورا قىلىنمايقىلىشىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ.

---

[1] بۇ ۋە باشقا مەلۇماتلار ئىبنى ئەلجەۋزىنىڭ «سەرخىللارنىڭ سۈپىتى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

www.munber.org

ئۆزىدىكى ئەيىپلەر بىلەن تونۇشۇشنى مەقسەت قىلغان كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ يولى تولىمۇ ئاسان. بىز ياخشى كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇش يولى بىلەنمۇ بۇ ئەيىپلىرىمىزنى بىلەلەيمىز. ئىنسان بۇرادىرى ئۈچۈن ئەينەكتۇر. قېرىنداشلار بىر- بىرىنى خاتىرلىتىدۇ ۋە ئەيىبلىرىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدەك ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدەسىينىڭ «مختصر منهاج القاصدين» ناملىق كىتابى ۋە باشقىلارغا ئوخشىغان مۇشۇ ماۋزۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابلارنى ئوقۇش بىلەنمۇ ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلالايمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كېسەلنىڭ دورىسىنى بىكىتىپ، قۇرئان، سۈننەت ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش ئېلىپ بارايلى.

ئاخىرىدا ئالدى بىلەن ئۆز نەپسىمگە ۋە سىلەرگە شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتىمەنكى، بۇ كېسەللەر اللهھدىن يىراقلاشقانلىقىمىزدىن كېلىپ چىقىدۇ.

الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر اللهنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار! ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر﴾[1].

بىز بۇ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن، الله تائالانى كۆپلەپ زىكىر ۋە ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشىمىز، بۇ كېسەلنىڭ ئاقىۋىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان دەھشەتلىك ئاقىۋەتتىن قورقان ھالدا، ھەر دائىم نەپسىمىزنى ئەيىپلىشىمىز، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكىمىز ۋە ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولماسلىقىمىز، غەپلەت ۋە غاپىللارغا ھەمراھ بولۇشتىن، قەلبى ۋە روھى كېسەللەردىن يىراقلىشىش ئارقىلىق الله دىن ياردەم تەلەپ قىلىشىمىز لازىم.

[1] ھەشر سۈرىسى، 19- ئايەت.

www.munber.org

﴿كىمكى مېھرىبان الله نى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ) شەيتان ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ﴾[1].

**(3)**

## ئەقلىگە نىسبەتەن ۋەزىپىسى[2]

موسۇلمان ياشلاردىن الله تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش تەلەپ قىلىنغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئەقلىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇنى پايدىلىق ئوزۇقلار بىلەن غىزالاندۇرۇشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەبۇ ئەمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿ئالىمنىڭ ئابىدتىن (ئىبادەت قىلغۇچىدىن) ئارتۇقچىلىقى، مېنىڭ سىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن كىشىڭلاردىن ئارتۇق بولغىنىمغا ئوخشاشتۇر، الله ۋە الله نىڭ پەرىشتىلىرى، ئاسمان - زېمىن ئەھلى، ھەتتا ئۆز ئۇۋىسىدىكى چۈمۈلە ۋە بېلىقلارمۇ ياخشى ئىلىم ئۆگەتكۈچىلەرگە رەھمەت ۋە سالام يوللايدۇ﴾[3].

مۇئازنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىلىم ئۆگىنىڭلار! الله دىن قورققان ھالدا ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىش ئىبادەتتۇر، تەكرارلاش تەسبىھ، ئۇ ھەقتە ئىزدىنىش جىھادتۇر. ئۇنى بىلمىگەنلەرگە ئۆگىتىش سەدىقە، ئائىلىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تۇغقاندارچىلىق يەتكۈزگەنلىك بولۇپ سانىلىدۇ.

[1] زۇخرۇف سۈرىسى، 36- ئايەت.
[2] يۈسۈف قەرداۋىنىڭ «پەيغەمبەر ۋە ئىلىم» ناملىق كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىڭ!
[3] بۇ ھەدىسنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋە ھەسەن ھەدىس دېگەن.

www.munber.org

يەنە مۇنداق دېيىلگەن: ئىلىم سېنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ئەمما سەن مالنى مۇھاپىزەت قىلىسەن. ئىلىم سېنى ھىمايە قىلىدۇ، سەن مالنى ھىمايە قىلىسەن...

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە تەلىم بېرىشكە بولغان قىزغىنلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا بىر نەرسە ئۆگىتىشكە تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى. بەدرى كۈنى خەت يېزىشنى ئۆگىتىش پۇرسىتى كەلگەن ئىدى، ئۇنى قولدىن بەرمىدى. بۇ مۇنداق ئىش ئىدى: قۇرەيش ئەسىرلىرى ئىچىدە خەت يېزىشنى بىلىدىغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش پىدىيىسى ئۈچۈن ئۇلاردىن ھەر بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ باللىرىدىن **10** كىشىگە خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇش بولغان ئىدى . ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتىنىڭ ھەممە يەرگە تارقىلىش ئىمكانىيىتى بولۇشى ئۈچۈن بەزى ساھابىلىرىگە باشقا تىللارنى ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلغان. ساھابىلاردىن پارسچە، رۇمچە ۋە ھەبەشىستان تىللىرىنى بىلىدىغانلار بار بولۇپ، ئىبرانىيە تىلىنى بىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. بۇ تىلنى ئۆگىنىشكە ئۆزىنىڭ كاتىپى زەيد ئىبنى سابىتنى بۇيرىغان.

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىمگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ساھابىلىرىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرغان. ھەمدە ئىلىم ئىگەللەشنى ئىجرا قىلمىسا بولمايدىغان پەرز قىلىپ بېكىتكەن. ھەدىستە مۇنداق كېلىدۇ: «ئىلىم تەلەب قىلىش بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر.»

www.munber.org

# ھەدىستىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەلەپ قىلىشى پەرىز بولغان ئىلىم قايسى؟

بۇ ھەقتە ھەر خىل كۆز - قاراش ۋە پىكىرلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، كۆپىنچە ئۆلىمالار قانائەت ھاسىل قىلغان پىكىر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، موسۇلمان كىشىنىڭ ئۆگىنىشى ۋاجىب بولغان ئىلىم دىن ياكى دۇنيالىق ئىشلىرىدا كېرەكلىك بولغان ئىلىملەردۇر. دىنىي ساھەدە شەرىئەت ئىلىملىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى ئۆگىنىشى كېرەك:

**1** — ئۆز ئەقىدىسىنى توغرا ۋە ساغلام شەكىلدە، شېرىك ۋە خۇراپاتلاردىن خالىي ھالدا چۈشىنەلىگىدەك دەرىجىدە بىر نەرسە ئىگەللەش.

**2** - تاشقى جەھەتتىن، شەرىئەتنىڭ يولغا قويغىنى بويىچە رەببىگە قىلغان ئىبادەتلىرىنى توغرىلىيالىغۇدەك، ئىچكى جەھەتتىن، ئىبادەتلىرىدە الله تائالا ئۈچۈن نىيەتلىرىنى خالىس قىلالىغۇدەك ئىلىم ئىگەللەش.

**3** - نەپسىنى تازىلاپ، قەلبىنى پاكلىيالايدىغان، پەزىلەتلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرىدىغان، رەزىللىكلەرنى پەرقلەندۈرۈپ ئۇنىڭدىن يىراق تۇرالايدىغان دەرىجىدە ئىلىم ئىگەللەش.

**4** - ئۆز - ئۆزى بىلەن، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئاۋام خەلق بىلەن، هوقۇق ئۈستىدىكى ۋە ئادەتتىكى پۇقرالار بىلەن، مۇسۇلمان ياكى غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى كونترول قىلالىغۇدەك دەرىجىدە ئىلىم ئىگەللەش: چۈنكى بۇ ئىلىم بىلەن ئۇ، ھالال - ھارامنى، ۋاجىب - غەيرى ۋاجىبنى، لايىق ۋە غەيرى لايىقنى تونۇپ يېتەلەيدۇ[1].

ئىلىمنى بۇ مىقداردا تەلەپ قىلىش ۋاجىبتۇر. بۇ مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھەرقانداق شارائىت ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۆز

(1) شەيخ يۇسۇف قەرداۋىنىڭ «ھالال ۋە ھارام» بۇ كىتابلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

www.munber.org

دىنىنى بىلىشى ئۈچۈن قويۇلغان ئەڭ تۆۋەن بەلگىلىمىدۇر. بۇلاردىن باشقىسىنى ئۇ ئاستا ـ ئاستا، ئەھۋال ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسىغا قاراپ بېيىتىۋالىدۇ. مەسىلەن پېقىرنىڭ زاكات ئەھكاملىرىنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىشى ھاجەتسىز، ئەمما ئۇنىڭ نىمىنى ئالسا دورۇست، نىمىنى ئالسا دورۇست بولمايدىغانلىقىنى بىلىشى زۆرۈردۇر.

شۇنىڭدەك، بىر ئادەم بىر كەسىپ ئىگىسى بولسا، ئۇنىڭ شۇ كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى ئۆگىنىشى زۆرۈر. مەسىلەن تىجارەتچىنىڭ نېمىنىڭ ھارام ـ نېمىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى بىلىشى، دوختۇرنىڭمۇ ھاراق بىلەن داۋالاشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئوخشاش ئۆز كەسپىگە ئالاقىدار ھۆكۈملەرنى بىلىشى مۇھىم. گەپنىڭ خۇلاسىسى ھەر كىشى ئۆز كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسىلەرنى بىلىشى زۆرۈردۇر.

مۇسۇلمان كىشى ئۇنىڭغا پەرز ئەين قىلىپ بېكىتىلگەن ئىلمىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىلمىي مۇۋازىنىتىنى ھەرتەرەپتىن ئوخشاش يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن باشقا تەرەپلەردىنمۇ ئازراق بولسىمۇ مەلۇماتى بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:

1 ـ قۇرئان كەرىم؛ قۇرئان كەرىمنى ئوبدان ئوقۇشنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭدىكى سۈرە ۋە ئايەتلەردىن مۇئەييەن مىقداردا يادلاش، تەپسىرىنى ئوقۇش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىلىملەرنى ئۆگىنىش[1].

2 ـ ھەدىستىن: ھەدىس كىتابلىرىنى مۇتالىئە قىلىش ۋە بىر تۈركۈم ھەدىسلەرنى يادلاش[2]

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ تەرجىمەھاللىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى ئۆگىنىش[3]

---

(1) بۇ كىتابلاردىن تەپسىر ئىبنى كەسىر (قىسقارتىلما)، نەۋەۋىينىڭ «ئەتتىبيان»، مەنناﺋ ئەلقەتتان ۋە ئەھمەد ئادىل كامالنىڭ «قۇرئان ئىلىملىرى» ناملىق كىتابلىرىنى ساناش مۇمكىن.
(2) قىرىق ھەدىس، ياخشى كىشىلەرنىڭ باغچىسى، سەھىھ مۇسلىم.
(3) رەھىقۇل مەختۇم، ساھابىلەر ھاياتى...

www.munber.org

4 ـ ئىسلامغا سۇيقەست قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان بەزى كىتابلارنى (ئۇلارغا رەددىيە بېرىش مەقسىتىدە) ئوقۇش[1]

5 ـ پىكىر ۋە دەۋەت چۈشەنچىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى ئۆگىنىش[2]

**(4)**

## ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ۋەزىپىسى

ئىسلام بىزگە دۇنيالىق ئىلىملەر بىلەن دىنى بىلىملەرنى ئايرىماستىن، ھەر ئىككىلىسىنى ئۆگىنىشىمىزگە تەۋسىيە قىلدى ۋە كائىنات ئىلمىنى بىر ئايەتكە جۈغلاپ ئۇنى ئۆگىنىشىمىزگە ئۈندىدى. ئۇنى بىلگەن كىشىلەرنى الله نى تونىيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن قورقىدىغان يولدا قىلدى. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿كۆرمەمسەنكى، الله بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى. ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردى، (شۇنىڭدەك الله تاغلارنى ياراتتى) تاغلارنىڭ ئاق، قىزىللىرى، ھەر خىل رەڭدىكى يوللۇقلىرى ۋە قاپقارىلىرىمۇ بار. شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، چاھارپايلارنىمۇ خىلمۇخىل رەڭلىك قىلىپ ياراتتى، الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله دىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾[3]

ئىسلام ئۆز پەرزەنتلىرىنى ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چوڭقۇرلىشىشقا تەۋسىيە قىلغان بولۇپ، ھازىرقى دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجى تېخىمۇ كۈچلۈكتۇر.

---

[1] ئەلىي جۇرەيشەنىڭ «پىكىرى مۇستەملىكە ئۇسلۇبلىرى»ناملىق كىتابى.
[2] بۇ ساھەدە، سەييىد قۇتۇبنىڭ «بۇ دىن»، «بۇ دىننىڭ ئىستىقبالى» ناملىق كىتابلىرى، فەتھى يەكۈننىڭ «ئىسلامغا تەۋەلىكىم نېمىنى مەقسەت قىلىدۇ»، «ياشلار ۋە ئۆزگىرىش» ناملىق كىتابلىرى بار.
[3] فاتىر سۈرىسى، 27 – 28 - ئايەتلەر.

www.munber.org

## - ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىمگە بولغان ئېھتىياجى

ياشاۋاتقان بۇ دەۋرىمىز بىزنى ئىلىمنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە كىرىشىمىزگە مەجبۇرلايدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ھازىر ئىجادىيەت ۋە يېڭى كەشپىياتنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بىر رىقابەت دەۋرىدە ياشىماقتا. ئۇنداقتا مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ رىقابەت مەيدانىدىكى ئورنى قەيەردە؟

بىز مۇسۇلمانلار شەرق ۋە غەرب ئەللىرىگە شۇ قەدەر قۇل بولدۇقكى، يىڭنىدىن تاكى راكىتاغا قەدەر بولغان ئېھتىياجىمىزدا ئۇلارغا تايانماقتامىز. ئۇلار بىزگە «ئۈچىنچى دۆلەت ئەللىرى» ياكى «قالاق دۆلەتلەر» دەپ ئات قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ دۇنيالىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشنى تاشلىغانلىقىمىز، ئىبنى روشد، ئىبنى نەپس، خارەزمى، ئىبنى ھەيسەم ۋە باشقىلارغا ئوخشاش تارىخ سەھىپىلىرىگە ئىسمى ئۆيۈلگەن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدەك بولۇشقا تىرىشمىغانلىقىمىزدىن بولدى.

ئىسلامىيەت ئاڭلىق، ئىقتىدارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەندەك، مۇسۇلمان دوختۇر، مۇسۇلمان ئىنژېنېر ۋە مۇسۇلمان ئىشچىنىڭ بولۇشىغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇنى دەپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، ئەگەر مەلۇم بىر رايوندىكى مۇسۇلمانلار بىر دوختۇرغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن شۇ دوختۇر تېپىلمىسا ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ.

بۇ ئىلىمنىڭ ھەرقايسى ساھالىرىغا كىرىش، مۇسۇلمانلارغا پەرز كۇپايە بولۇپ، قانداق بىر كىشى بىر كەسىپنى ئۆگىنىشكە باشلىسا ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ كەسىپنى تولۇق، مۇكەممەل ئۆگىنىپ مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پەرز ئەينىگە ئايلىنىدۇ.

www.munber.org

بىزنىڭ ھەر بىرىمىز مۇشۇ ئاڭنى قوبۇل قىلغان بولساق موسۇلمانلارنىڭ ھالى بۇگۈنكىدەك ئېچىنارلىق ھالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى.

ئىبنى جەۋزى: ئاقىل كىشى قىلىش مۇمكىن بولىدىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئادەم بالىسىنىڭ ئاسمانغا ئۆرلىشى تەسەۋۋۇرغا سىغقىدەك ھالدا بولسا، ئۇنىڭ زېمىندا قېلىشقا رازى بولغانلىقى ئۇنىڭ ئەڭ قەبىھ يىتەرسىزلىكى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، دەپ قارايمەن. ناۋادا پەيغەمبەرلىك ئىجتىهاد بىلەن ئېرىشكىلى بولىدىغان ئىش بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىنتىلمىگەن كىشىمۇ ھالاكەت ئىچىدەقالغان بولىدۇ دەپ قارايمەن دېگەن.

كەل، ئى قېرىندىشىم! ئەجدادلىرىمىزنىڭ شان ـ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلىم ساھەسىدە ئەڭ يۇكسەك سەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى! ئاۋۋال ئۆزەڭگە ۋە ساڭا شۇنداق بشارەت بېرىمەنكى، نىيىتىمىزنى الله غا خالىس قىلىپ، ئۆگىنىشىمىزدە ئۈستۈنلۈك قازىنىشىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئىكەنلىگىنى ئاساسلىق نىشانىمىز قىلساق، ئۆلىمالار بىزگە خەۋەر بەرگەندەك، الله بىزگە كاتتا ئەجىرلەرنى بېرىدۇ ۋە ئولتۇرسا ـ تۇرسا تەسبىھ ـ تەكبىر ئوقۇغانىنىڭ باراۋىرىدە ساۋاپ بېرىدۇ.

قانچىلىغان كىشىلەر دىنىي ئىلىمنى دۇنيالىق ئۈچۈن، يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر دۇنيالىق ئىلىمنى دىنى ئۈچۈن ئۆگىنىۋاتىدۇ. بۇ ئىككىسى ئەلۋەتتە مەرتىۋىدە باراۋەر ئەمەستۇر ؟

**نەسىھەت:**

ئى قېرىندىشىم! سەن دۇنيالىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشنى تاشلاش ياكى ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەستىن، دىنىي ئىلىملەرگىلا ۋاقىت ئاجرىتىش لازىم،

www.munber.org

دېگۈچىلەرنىڭ چاقىرىقلىرىغا ئاۋاز قوشۇشتىن ساقلان!... گەرچە ئۇلار تەسەۋۋۇرلىرى بويىچە توغرا قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ.

ئى قېرىندىشىم! ئويغان ئويلىنىپ باق! دەرسلىرىمىزنى تاشلىۋەتسەك، ئارىمىزدىن دوختۇر، ئىنژېنېر... قاتارلىقلار يېتىشىپ چىقمىسا، بىزنىڭ ئاياللىرىمىز ۋە باللىرىمىزنى كىم داۋالايدۇ؟ پەرزەنتلىرىمىزگە كىم تەلىم بېرىدۇ؟ كىم...؟ ھەقتىن چەتنىگەن ھالال ـ ھارامنى بىلمەيدىغان موسۇلمانمۇ ياكى غەيرى مۇسۇلمانمۇ؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن چاغدا، ساھابىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەرخىل كەسىپ ۋە تۇرمۇشىنى قامدايدىغان ھۈنەرلىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىشلارنى تاشلاپ، پەقەتلا دەۋەت ياكى ئىلمىگىلا يۈزلىنىشىنى تەلەپ قىلماستىن، ھەممىسىنىڭ ئۆز مەشغۇلاتىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا قويۇپ بەرگەن.

قېرىنداشلار، كىلىڭلار! دۇنيانى دىن بىلەن گۈللەندۈرەيلى!

**(5)**

www.munber.org

## ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا نىسبەتەن ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى

كۆپىنچە ياشلار ئائىلىسى بىلەن بىرگە ياشايدۇ. كۆپ ساندىكى ئائىلىلىرىمىزنىڭ ئىسلامىي خاراكتېردە شەكىللەنمىگەنلىكى كۆزگە چېلىقىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى، ئۆز ئەھلى تەرىپىدىن ئىسلامنىڭ بەزى تەرەپلىرىگە ئېتىبارسىز قارىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئائىلىگە نىسبەتەن بىزگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بولۇپمۇ ئائىلىدىكىلەر «تىرىكنىڭ دېپى چېلىنمايدۇ» دېگەندەك پەرزەنتلىرىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاسان قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار

ئىشلارنىڭ پەقەت ياخشى تەرەپلىرىنىلا كۆرەلەيدىغان باشقا كىشىلەرنىڭ دەل ئەكسىچە، پەرزەنتلىرىدىكى ياخشى ـ يامان تەرەپلەرنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى كۆرەلەيدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ئۇلارغا ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىشنى تاشلىۋېتىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا كۈچ سەرپ قىلىش، ھەر دائىم ئۇلارغا دەۋەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مۇناسىپ ۋاستىلەر ھەققىدە ئويلىنىش دېگەنلىكتۇر.

تۆۋەندىكى بىر قىسىم نەسىھەتلەرگە ھەممىمىزنىڭ بىرلىكتە ئەمەل قىلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئائىلىلىرىمىز بىلەن بولغان مۇئامىلىدە بۇ ئىشلارغا دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

**1** ـ بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىشىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىڭلار، تەسلەشتۈرمەڭلار، خوش ـــ بېشارەت بېرىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزەڭلارغا جەلىپ قىلىڭلار، كىشىلەرنى ئۆزەڭلاردىن قاچۇرۇۋەتمەڭلار»[1] دېگەن بۇ ھەدىسىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىختىيارىغا ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاش بېرىلسە، ئەگەر گۇناھ بولمىسىلا ئاسانراقىنى تاللايتتى»[2]

مۇسۇلماننىڭ دىنىي ئىشلاردا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئەمەل قىلىپ، دىندا رۇخسەت قىلىنغان، ئاسان ئىشلارنى تەرك قىلىشى ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئومۇمغا تېڭىلىشى ھەرقانداق ئەھۋالدا قوبۇل قىلىنمايدۇ. مەسىلەن ئائىلىرىدىكىلىرىدىن، نەپلە ۋە سۈننەتلەرنى پەرزنىڭ ئورنىدا، مەكرۇھ (يامان كۆرۈلىدىغان) ئىشلارنى ھارامنىڭ ئورنىدا قويۇپ، قاتتىق ھېساب ئېلىشقا بولمايدۇ. بىز، باشقىلارنى الله تائالا كەسكىن قىلىپ بۇيرىمىغان

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

www.munber.org

ئىشلارغا بويرۇماسلىقىمىز لازىم. بۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا ئۇلار تاللاش هوقۇقىغا ئىگە، خالىسا ئەمەل قىلىدۇ، خالىسا قىلمايدۇ...

بۇ ھەقتە بىزگە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆز ئۈستىدىكى پەرىز توغرىسىدا سوئال سورىغان بىر ئەئرابىينىڭ قىسسىسى يېتەرلىك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بەش ۋاقىت ناماز، زاكات، روزا» دەپ جاۋاپ بەرگەندە ئۇ: مېنىڭ قىلىشىمغا تېگىشلىك باشقا ئىشمۇ بارمۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يوق، خالىساڭ نەپلە ئەمەللەرنى قىل!» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ كىشى: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ قىلمايمەن، كەممۇ قىلمايمەن، ــ دېگەن پېتى ئارقىسىغا يېنىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ راستلا شۇنداق قىلسا نىجات تاپىدۇ» دېدى.

بىز ھەر دائىم دوگمالىققا، رادىكاللىققا مايىل بولۇۋالماسلىقىمىز، ھارام ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ ئۇنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىكىمىز لازىم. يەنە ھالال ۋە ھارامغا ئائىت ئىلمىمىزنىڭ ئازلىقىغا باقماي ھەممە نەرسىنى ھارام قاتارىغا ئۆتكۈزىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. ئەگەر فەقىھدا بىرەر نەرسىگە بېرىلگەن ھۆكۈمدە ئىككى خىل كۆزقاراش بولۇپ،ئۇنىڭ بىرى مۇباھ، يەنە بىرى مەكرۇھ دېگەن بولسا، ئۇچىنچى بىرى قوپۇپ ئۇنى ھارامغا چىقارغان بولسا، دائىم ئۇلارنى ”ھارام دەپ“ ئېھتىيات مەيدانىدا تۇرۇۋشقا زورلىماسلىقىمىز لازىم. بۇ يەردە كەڭچىلىكلا بولغانكەن، ئۇلارنى ئىبنى ئابباسنىڭ روخسىتىگە قويۇپ بېرىپ، ئۆزىمىز ئىبن ئۆمەرنىڭ پرىنسىپاللىقىدا چىڭ تۇرايلى![1] (يەنى ئىبنى ئابباسنىڭ باشقىلارنىڭ تاللىشىغا قويۇپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىبنى ئۆمەرنىڭ پرىنسىپال مەسىلىلەردە ئۆزى مۇستەھكەم تۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرايلى!)

[1] د. يۇسۇف قەرداۋىنىڭ «رادىكاللىق بىلەن قاتماللىق ئوتتۇرىسىدا ئىسلام ئويغىنىشى» ناملىق كىتابىدىن.

www.munber.org

گەپىنىڭ خۇلاسىسى، بىز باشقا كۆز قاراشلارنى بىلمەي تۇرۇپلا ئائىلىلىرىمىز ئۈچۈن فىقھى ھۆكۈملەرنى چىقىرىشقا ئالدىرىماسلىقىمىز لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا كەڭچىلىك بار تورۇغلۇق مەجبۇرى ھالدا ھارامنىڭ ساھەسىگە كىرىپ كەتكەن بولىمىز.

2 ـ ئائىلىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق غېمى پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ــ ئانا باللىرىنىڭ ئۆگىنىشتە ئالدىنقى قاتاردا ئىكەنلىكىنى كۆرسىلا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالماستىن، مەيلىگە قويۇپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ دەرستە ئارقىدا قالغانلىقىنى بىلگەن چاغلىرىدا بولسا، ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرمەيدۇ ۋە قوللانغان تۇتقان يوللىرىنىمۇ قوبۇل كۆرمەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز پەرزەنت بولغۇچىلار ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا ئۆگىنىشكە سەل قارىماسلىقىمىز، دەرسلىرىمىزنى ۋاقتىدا تەكرارلىشىمىز لازىم، ئىسلامنىڭ بارلىق ھاياتلىق ساھەلىرىدە ئەۋلادلارنى ئۈستىنلىككە ئۈندەيدىغانلىقىنى ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ بىلىپ يېتىشى ئۈچۈن، بىز نەمۇنىچىلىقنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىزنى تېخىمۇ چىڭ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

3 ـ ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداشقا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم: قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنىڭ پىكىر ـ قاراشلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرمەستىن، تەلەپلىرىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئورۇندىشىمىز لازىم.

4 ـ ئىمكان بار دائىم كېچىكىپ كېلىش ۋە دوستلارنىڭ زىيارىتىنىڭ كۆپ بولۇشىغا ئوخشاش ئاتا ــ ئانىلىرىمىزنىڭ ئىشلارنى قېلىپ سېلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

5 ـ ئۇلارنى ياخشىلىققا بويرۇپ يامانلىقتىن توسۇشتا بىز ئويلىغاننىڭ ئەكسىچە بىر ئىشنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن چوڭقۇر ھېكمەت ۋە ئەتراپلىق چۈشەنچە ئاساسىدا ئىش ئېلىپ بېرىش لازىم. بىز، سۆز بىلەن دەۋەت قىلىشقا قارىغاندا ئەمەلى ئۈلگە بولۇپ دەۋەتنىڭ كۈچلۈك،

www.munber.org

ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز لازىم. بۇرۇنقىلار مۇنداق دېگەنكەن: مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ قىلغان ئەمىلى، مىڭ ئادەمنىڭ بىر ئادەمگە قىلغان سۆزىدىن ياخشىدۇر.

6 ـ ئاخىرىدا شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، ھەقىقەتەنمۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن كىشى الله نىڭ ئىزنى بىلەن دۇنيا ــ ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدۇ. شۇڭا بىز ئۇلارنى غەزەبلەندۇرمەسلىكىمىز ياكى ئەۋزەلنى قويۇپ ياخشىنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئەھۋالدا بولسىمۇ ئۇلارنىڭ قاراشلىرىغا ئېتىبارسىز قارىماسلىقىمىز ۋە ئۇلارغا قاتتىق ـ يېرىك مۇئامىلىدە بولماسلىقىمىز لازىم.

(6)

## موسۇلمان ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە قارىتا ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى

دەۋرىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ جەمئىيەتكە قارىتا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولۇپ، مۇسۇلمانلار كېچە ـ كۈندۈز بۇ ھەقتە ئويلىنىشى لازىم. بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىمىزغا نەزەر تاشلىغان كىشى ئىسلامنىڭ ئۆز دىيارىدا غېرىبەت ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار گۇرۇھى بىخلىنىڭ داستىخىنىدىكى يېتىمىدىنمۇ خار ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. خىرىستىيانلار، كومىنىستلار، يەھۇدىيلار ۋە بۇددىستلاردىن ئىبارەت بارلىق مۇشتۇمزورلار بىزگە قارشى بىرلەشتى. بىز زېمىنىنىڭ ئەڭ خار كىشىلىرىگە ئايلىنىپ قالدۇق. دۈشمەنلەر بىزنىڭ ئار ـ نومۇسىمىز، ماللىرىمىز ۋە قانلىرىمىزغا ئېتىبارسىز قارىدى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلماننىڭ قېنى ئەڭ ئەرزىمەس، ئىگىسىز، قىممەتسىز قانغا ئايلىنىپ قالدى. بەلكى، ئۇلار مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆككەنلەرنى مۇكاپاتلايدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

www.munber.org

ئۇلار بىزگە قارىتىپ، ”ھېسابىنى بوغىدىغان ۋاقىت كەلدى“ دەيدۇ ۋە «ئىسلامنى ۋەيران قىلىپ، ئەھلىنى يوقىتىڭلار!» دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈشىدۇ. بۇنىڭغا، قايسى بىرىمىز دۇنيا خەرىتىسىنىڭ قانداقلا يېرىگە ئىختىيارسىز قولىمىزنى قويساق، بارماقلىرىمىزنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى ئېقىۋاتقان بىر قىزىل سىزىققا ياكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا يېگىدىن بايقىلىپ پاش قىلىنىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ لىۋان، كەشمىر، ئافغانىستان، ئېرىترىيە، بۇلغارىستان ۋە بوسىن گوۋىنادىكى قەتلىئامگاھلىرىغا توغرىلىنىدىغانلىقى يېتەرلىك پاكىت بولالايدۇ.

قانچىلىغان ياشلار ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى... قانچىلىغان ئايالارنىڭ ئىپپىتى دەپسەندە قىلىندى... ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان قانچىلىغان بوۋاقلار ئاتىسىز قالدى... يەنە قانچىلىغان ياشانغان كىشىلەر ھەسرەت ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى؟

مەسجىدلىرىمىز يىقىتىۋېتىلدى... قۇرئانلىرىمىز كۆيدۈرۈلدى. ئۆيلىرىمىز ئاختۇرۇلدى... رۇكۇدىكى، سەجدىدىكى كىشىلەر قەتلى قىلىندى شۇنداق تۇرۇقلۇق موسۇلمانلار يەنىلا سۈت ئۇيقىسىدا!...

مانا بۇ بىزنىڭ ھالىمىز، نۇرغۇن دۆلەتلەردە موسۇلمانلار ئوچۇقتىن ئوچۇق ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتىدۇ. ئىسلامنى تەتبىقلاۋاتىمىز، دەپ دەۋا قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ھالىمۇ تايىنلىق. پۈتۈن پاساتچىلىقلار ئوچۇق ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىۋاتماقتا، ئوسۇلچى ۋە پاھىشىلەر جەمئىيەتنىڭ چۆلپانلىرىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتماقتا...

بوزۇقچىلىق، يالغاچلىق، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر مۆتىدىللىك دەپ قارىلىپ، دىندارلىق بولسا رادىكاللىق، قالاقلىق بولۇپ سانالماقتا. ئۇ ئاز كەلگەندەك، ھەممە كىشى دىندارلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يەك تۇرۇپ مەيدانغا چۈشتى. ئۇلار يا دىندارلىقىدىن قايتىشتى ياكى بولمىسا تۈرلۈك ئازابلارغا دۇچار بولۇشتى، خىزمەت ۋە رىزىقلىرىدا قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى.

www.munber.org

... مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان يەرلەرنىڭ ھەممىسىدىكى بۇ ئاچچىق رېئاللىق، بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنى پەرز ئەينىگە ئايلاندۇردى. اللّٰه تائالا بىلەن مۇلاقات بولىدىغان ۋە بۇ دىنىنىڭ نۇسرەت تېپىشى، ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىغان ھەرقانداق موسۇلمان قانچىلىك ئۆزرىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئورۇنىشىدىن قەتئىي نەزەر گوناھكاردۇر.

بىزنىڭ ھەربىرىمىز ئۆزىنى اللّٰه نىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىۋاتقان ۋە ئۇنىڭدىن، اللّٰه نىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلىككە ئېگە قىلىش، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىگە باش ئېگىش ۋە مۇستەملىكە ئاستىدىكى مۇسۇلمانلار دىيارلىرىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى توغرىسىدا سوئال سورىلىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقسۇن!

ئۇ، ئى رەببىم! بۇ توغرىسىدا ئىش قىلىشنىڭ ماڭا پەرز ئەينلىكىگە قانائەت قىلمىغانتىم، دەمدۇ؟

ياكى ئى رەببىم! مەن سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن ئىش قىلىشقا ۋاقىت تاپالمىغان ئىدىم، دەمدۇ؟

ۋەياكى ئي رەببىم! مەن قورقتۇم، قورقۇنۇچ تۇيغۇلىرى تۇمۇرىمدا ئاقتى. چۈنكى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش قېيىن ۋە تىكەنلەر بىلەن قورشالغانلىقىنى بىلەتتىم، دەمدۇ؟ زادى نېمە دەيدۇ؟

ھالبۇكى، مەن ئۆزۈم ۋە سىلەرنى شۇ ئىشتىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بىز ھازىردىن باشلاپ ھەرىكەتلىنىپ، ئىسلام ئۈچۈن ئىش قىلىشقا كىرىشمىسەك، اللّٰه تائالانىڭ ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا ـ قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، اللّٰه نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾ دېگەن ئايىتى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇيسىلەر، ئۇنداق قىلمىساڭلار اللّٰه سىلەرگە يېقىندىلا ئازاب ئەۋەتىدۇ. ئاندىن سىلەر اللّٰه غا

دۇئا قىلىسىلەر ـ يۇ، دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ﴾ دېگەن ھەدىسىدە بايان قىلىنغان ئازابنى كۈتمەكتىن باشقا ئامالىمىز يوق. بۇ ئازاب بولسا پەقەت دۇنيادىكى چېغىمىزدا بېشىمىزغا كېلىدىغان ئازاپتۇر، ئەمما ئاخىرەتتىكى ئازاب تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق، ھىساب تېخىمۇ قېيىندۇر.

## ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى

ياشاۋاتقان بۇ ئاچچىق رىئاللىقىمىزنى ئۆزگەرتىش ۋە بىز تەلەپ قىلىۋاتقان ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇش بەزىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇ قەدەر قېيىن ئەمەس... ئاخىرەتنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق نىشانى قىلغان ۋە الله بىلەن توختام قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن بۇ تولىمۇ ئاساندۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، الله مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى.»[1]

دەرۋەقە بۇ يول روھلىرىنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ قويغان، دۇنيانىڭ ئېغىرچىلىقىدىن يېنىكلەپ، پۈتۈن غەملىرىنى ئاخىرەتتىن قورقۇشىدىن ئىبارەت بىرلا غەمگە مەركەزلەشتۈرگەن ئەركەكلەرگە مۇھتاجدۇر.

ئەي قېرىنداشىم! بىزنىڭمۇ شۇ ئەرلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش پۇرسىتىمىز كېلىۋاتىدۇ.

نېمە ئۈچۈن تېخىچە پىكرىمىزنى رىزىق، خوتۇن، بالىغا ئوخشاش ئاددى ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىمىز؟

ئى قېرىنداشىم! الله بىلەن توختام قىلىشىپ، مۇشۇ يولدا مېڭىشنى ھازىردىنلا باشلايلى. بىزمۇ تەلەپ قىلىنىۋاتقان ياشلار قاتارىدىن بولۇپ قالساق ئەجەپ ئەمەس.

---

[1] تەۋبە سۈرىسى، 111- ئايەت.

www.munber.org

## لېكىن ھەر بىرىمىز ئىشنى قانداق باشلايمىز؟

بىزنىڭ ھەر بىرىمىز ئۆزىدىن ئۆزگەرتىش تەلەپ قىلىنغان رايوننى پەقەت تۇرالغۇسى ياكى ئىش ئورنى، دەپ تەسەۋۋۇر قىلسۇن... ئاندىن بۇ، ئۇرۇنىنىڭ ئەملى ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا باشلايدۇ، ۋە ئۆزى بۇرۇندىن تونۇيدىغان ئىسلامىيەتكە قىزغىنلىقى بار دوستلىرىنى تاللايدۇ ۋە ئۇلارغا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ يېقىنلىشىدۇ، ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىسى نەتىجىسىدە قەلبلىرىدە الله يولىدىكى كۈچلۈك موھەببەت يېتىلىپ، بىر ـ بىرىنى كۆرۈشكە ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ قوپۇشقا يۈرەكلىرى يالقۇنلايدىغان ھالغا كەلگەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرىدۇ.

بۇلاردىن كېيىن، مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغان مەجبۇرىيەتلەر ۋە بۇ مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۆگۈنىشكە باشلايدۇ. بۇ مەجبۇرىيەتلەرنىڭ بىرى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ جەمئىيەتكە بولغان مەجبۇرىيىتى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاچچىق ئەسلىمىلىرى ۋە بۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنىڭ پەرزلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى دېيىشىدىكى سەۋەبىنىڭ پەقەتلا ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىك، ئۇلارغا الله نىڭ ئازابى كېلىشىدىن قورقىدانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشقا باشلايدۇ.

ئەگەر ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلسا (الله نىڭ ئىزنى بىلەن كۆپىنچە ئەھۋاللارنى قوبۇل قىلىدۇ)، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇلىرىغا بېرىپ، ئۇلارنى دەۋەت قىلىشقا باشلاش لازىم. موشۇنداق قىلىپ سان كۆپىيىدۇ ۋە ئاساس كۈچلىنىپ، بۇ، رايوندا ئىسلامي پىكىر ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىدۇ.

بۇ ھەقتە الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا (ئۇلار) شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم

www.munber.org

كۆرۈنۈشى بىلەن، دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ، (مۆمىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر﴾[1]

مۇشۇنداق پەرەز قىلىساق بىر جايدا پەقەت بىرلا كىشى الله غا دەۋەت قىلسا ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەنىدەك ئىسلامىي پىكىر بۇ رايوندا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ، ۋە شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، جەمئىيەت تەدرىجى ۋە ئىنتايىن تەبىئىي ھالدا نورماللىشىپ، تولۇق ھالدا ئىسلامىيەتكە يۈزلىنىدۇ. جەمئىيەت دېمەك، ئوخشىمىغان رايونلاردا ياشايدىغان كىشىلەر توپلىمىنىڭ جۇغلانمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىسلامىيەتنى دەستۇر ۋە قانۇن قىلىشقا رازى بولغان بۇنداق جەمئىيەت ئىچىدىن شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئارزۇلىرىغا مۇناسىپ كېلىدىغان رەھبەرلىك تىزگىنىنى قولىغا ئالالايدىغان كىشىلەر چوقۇم چىقىدۇ.

كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئارزۇسىنى الله نىڭ ئىزنى بىلەن دىن دۈشمەنلىرىنىڭ بېسىم ۋە تېرورلىرى ھەرگىزمۇ توختىتالمايدۇ.

## رېئاللىق بىلەن خىيال ئوتتۇرىسىدا

بۇ سۆزلىرىمىزنى ئاڭلىغان بەزى كىشىلەر بۇ خام ـ خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئىمان ۋە جىھادتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىسى بولمىغان بۇ كىشىلەر قانداقمۇ بۇنداق كۈچلۈك جەمئىيەتكە، سەرخىل قۇراللارغا قارشى تۇرالايدۇ ۋە ئۆز ھەقلىرىگە يېتەلەيدۇ؟ قانداقمۇ شېرنىڭ چاڭگىلىدىكى ھوقۇقلىرىغا يېقىن بارالايدۇ؟... دېيىشىدۇ. ئەمما بىز

[1] فەتھ سۈرىسى، 29-ئايەت.

www.munber.org

ئۇلارغا، ئۆتمۈشتە زېمىنىنىڭ تۆت تەرىپىنى فەتھى قىلغان، الله ئۇلارغا شارائىت هازىرلاپ بەرگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ سانى كۆپ، تەييارلىقى ئۇ قەدەر يۇكسەك ئەمەس ئىدى. بىراق،ئۇلار مۆمىن مۇجاهىدلاردىن ئىدى، دەپ جاۋاب بىرىمىز.

## تارىخنى ئوقۇڭلار

يۇقىرىقىلارنىڭ دىگەنلىرىمىزگە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەكچى بولغانلار تارىخ ئوقۇسۇن، قۇرئان ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزسۇن، پەيغەمبىرىمىز ۋە دەۋەت ئىگىلىرىنىڭ قانداق شارائىتلارغا ئىگە قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىپ كۆرسۇن.

مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەتنى ئۆزى يالغۇز باشلىغان ۋە دەۋىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا بۇتقا چوقۇنمىغان ئەبۇبەكرىگە ئوخشاش ياخشى سۈپەتلەر تېپىلىدىغان مۇئەييەن كىشىلەرنى تاللاپ ئۇلارغا دەۋىتىنى ئاشكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان كىشىلەر كەڭ دائىرىدە دەۋەتنى تارقاتقان. قوبۇل قىلغانلارنى يېنىغا تارتقان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا بولغان قارشىلىقلار كۈنسىرى كۈچەيگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىشتىن قوغلانغانلار، تىرىكچىلىك مەنبەلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار، ئائىلىسىدىن، يېقىنلىرىدىن ئايرىۋېتىلگەنلەر، قاتتىق ئۇرۇلغان، قۇم ئارىلاش شېغىل تاشلار ئۈستىدە ئوڭدىسىغا سورەلگەنلەر، كۆزلىرى ئويۇلغان، باشلىرى يېرىلغانلارمۇ، ئاياللار، مال - دۇنيا، ھوقۇق قاتارلىقلارنى ۋەدە قىلىپ، بۇ دەۋەتنى تەرك ئېتىشكە قىزىقتۇرۇلغانلارمۇ بولغان.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا مۇستەھكەملىك ۋە كۈچ قۇۋۋەت بېغىشلىغان ۋە بۇنىڭغا ئاۋاز قوشقانلار ياخشى كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولسا، ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەر ئۇلاردىن يىراقلاشتۇرۇلغان...

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام **13** يىلغا يېقىن دەۋەتنى مۇشۇ ھالەتتە ئېلىپ بارغان ۋە بۇنىڭغا ئاۋاز قوشقانلارنى «دارىل ئەرقەمدە» روھى، پىكرى، جىھادى، تەرەپلەردىن تەربىيىلەش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئاخىرىدا الله مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان. ئۇ يەردە ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇپ بىر قانچە يىلدىن كېيىن، مەككىنى فەتھى قىلغان. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئىسلام دەۋىتى ئەرەب يېرىم ئارىلى، ئارقىدىن پۈتۈن ئالەمگە تەسىر كۆرسەتكەن.

دېمەككى بۇ ئۇزۇن مۇساپىلىك ۋە مۇشەققەتلىك يول. بىراق، ھەقىق مەقسەتكە ئېرىشىشكە بۇنىڭدىن باشقا يول يوق.

ئەمما زىرائەتنى بۇگۈن تېرىپ ئەتىسىلا ھوسۇل ئېلىشنى ئويلايدىغانلار ھەرگىزمۇ ھوسۇل ئالالمايدۇ؛ چۈنكى بۇنداق قىلىش كائىناتنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئۆزگىرىش پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

## يولنىڭ تەبىئىتى

بىز، بۇ يولدا مېڭىشنى كۆڭلىگە پۈككەن كىشىلەرنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىلا ئۆز نەپسىدە گۈزەل سەبىر، چىدامىلىقلىقتىن ئىبارەت روھنى يېتىلدۈرۈشنى ۋە الله نىڭ نۇسرىتىنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى، ئۇنىڭ پەقەتلا غەلىبە قىلغۇچى ئەۋلادلار ئۈچۈن كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلىپ قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ قويىمىز.

ھەمدە شۇنىمۇ بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ يول مۇسىبەت ۋە قانلار بىلەن تولغان يول بولۇپ، بۇ يولدا ماڭغانلار قامىلىشى، يۇرتىدىن قوغلىنىشى، ئىشتىن بوشىتىلىشى، ئازاپلىنىشى ھەتتا ئۆلتۈرۈلىشى مۇمكىن... بۇ ئىشلار ئۇنىڭ بۇ يولدىن يېنىشىغا بېسىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ناۋادا بۇنىڭغا ئاۋاز قوشسا دۇنيا ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر چېكىنمەي ئاخىرىغا قەدەر بۇ يولدا ماڭسا مۇكاپىتى جەننەتتۇر. الله

www.munber.org

تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر: «اللّٰه نىڭ(بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، اللّٰه نىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴾[1]

ھەممىمىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بىزدىن تەلەپ قىلىنغىنى نۇسرەتنىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا ئەمەلگە ئېشىشى ئەمەس بەلكى پەقەت ئەمەل قىلىشتۇر، مەسىلەن: بىر يول يېرىملاشقاندا ئۆلۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن، ئەمما بىزگە كۆپايە قىلىدىغىنى بۇ يولدا ماڭغانلىقىمىز ۋە مۇشۇ يول ئۈستىدە ئۆلگەنلىكىمىز، بىزدىن كېيىنكىلەر ئۇچۇن يولنى قىسقارتقانلىقىمىزدۇر. بىزگە پەقەت اللّٰه نىڭ ۋەدىسىنى قولغا كەلتۈرۈشلا كۇپايە قىلىدۇ. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟﴾

(ئۇ قانداق تىجارەت؟): ﴿اللّٰه غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، اللّٰه نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۇچۇن بۇ ياخشىدۇر﴾

(ئۇنىڭ پايدىسىچۇ؟): ﴿(شۇنداق قىلساڭلار) اللّٰه سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر﴾

(ئەمما غەلىبىگە كەلسەك): ﴿سىلەرگە (مەرھەمەت قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېمەت اللّٰه دىن كېلىدىغان

[1] بەقەرە سۈرىسى، 214- ئايەت.

www.munber.org

نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبە (يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى)دۇر، (ئى مۇھەممەد!) مۆمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن﴾

ئۇنىداقتا، الله تائالانىڭ ﴿ئى مۆمىنلەر! ھەۋارىيۇنلار (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان مۆمىن قەۋم)دەك اللەنىڭ ياردەمچىلىرى بولۇڭلار﴾[1] دېگەن بۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلامدۇق؟

## بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى قانداق قىلىپ بىرلەشتۈرۈش كېرەك؟

الله نىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن موسۇلمان ياشلاردىن تەلەپ قىلىنغان بىر قىسىم مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمان ياشلار قانداق قىلغاندا بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى نورمال شەكىلدە ئېلىپ بارالايدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت قېيىن بىر مەسىلە كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ.

تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشتا ئوخشاش كۈچ ۋە مۇۋازىنەت بىلەن ئىزچىل داۋاملىشالىشى قېيىن بولۇپ، بۇ ئىشلار پەقەت، ياخشى مۇھىت ۋە اللهغا تائەت ــ ئىبادەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بۇيرىغىنى ئىجرا قىلىپ، توسقانلىرىدىن يىراقلىشىدىغان، شۇنىڭدەك يوقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتكەن ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشتا بىر يەرگە كېلەلەيدىغان ياخشى كىشىلەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

پەقەتلا ئىككى ئادەمدىن تەركىب تاپقان ئەھۋالدىمۇ بۇ خىل ۋەزىيەتنى يارىتىشقا تىرىشىش لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

[1] سەف سۈرىسى، 10- ئايەتتىن 14- ئايەتكىچە.

www.munber.org

بىزگە مۇنداق خەۋەر بىرىدۇ: «ھەقىقەتەن شەيتان بىر ئادەم بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئۇ ئىككى كىشىدىن يىراقراق بولىدۇ»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «... بۆرىمۇ توپتىن ئايرىلغان قوينى يەپ كېتىدۇ.»[2]

ئىمام ئەلى رازىياللاھۇ ئەنھۇ ئىپتىقاندەك، ھەقىنىڭ ھەممىسىدە بۆلۈنىپ كەتمەي، بىرىمىدا بولسىمۇ بىرلىككە كېلىمىز. بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان ئەقىدە ئامىلىدىن كېيىن، قېرىنداشلىق ۋە الله يولىدا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت باشقا ئامىللارمۇ بولىشى لازىم.

الله نىڭ يولىدا بىر- بىرىنى ياخشى كۆرۈش ئۇقۇمى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇجەسسەملىشىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ساھابا ۋە سەلەپ - سالىھلار يەتكەن يۇقىرى دەرىجىلەرگە قاراپ ئۆرلەيدۇ... سەلەپ - سالىھلار قېرىنداشلىرىدىن بىرى ئېغىزىغا بىر لوقما تائام سالسا، ئۇنىڭ تەمىنى ئۆز شۇلگەيلىرىدە تېتىيالايتتى. ئەگەر مالغا ئېھتىياجى چۈشكەندە، قولىنى قېرىندىشىنىڭ يانچۇقىغا رۇخسەتسىزلا سالالايتتى. ئەگەر قېرىندىشى ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەتسە، قىممەتلىك بىر پارچىسى يوقاپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى.

بۇ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇرۇغلىرى ئۈنگەن ۋە تۈپلىرى قېتىپ مېۋە بەرگەنگە قەدەر كۆڭۈل بۆلۈنسە ئىدى، ئۇ قىيامەت كۈنى نۇر ۋە قالقان بولغان بولاتتى.

---

[1] بۇ ھەدىسنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئەبۇ دەرداﺋىنىڭ ھەدىسىنىڭ بىر قىسمى... بۇنى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

# ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈشىشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن بىر بۆلۈك ئىنسانلار بولۇپ ئۇلار پەيغەمبەرلەردىنمۇ شەھىدلەردىنمۇ ئەمەس. قىيامەت كۈنى الله نىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنى پەيغەمبەرلەر ۋە شەھىدلەر ئۇراپ تۇرىدۇ»دېگەندە ساھابىلار ئي الله نىڭ پەيغەمبىرى، ئۇلار كىم؟ بىزگە خەۋەر بەرسەڭ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ ئۇلار، ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا نەسەپ يېقىنلىقى بولمىغان، مال ئېلىم - سېتىممۇ بولمىغان ھالدا الله نىڭ روھى بىلەن بىر - بىرلىرىنى ياخشى كۆرۈشىشكەن قەۋمدۇر. الله بىلەن قەسەمكى ئۇلارنىڭ يۈزلىرى نۇردۇر ۋە ئۇلار نۇر ئۈستىدىدۇر. كىشىلەر قورققاندا ئۇلار قورقمايدۇ. كىشىلەر غەم قىلغاندا ئۇلار غەم قىلمايدۇ» دېگەن ۋە ﴿راستلا الله نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە الله نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان.

قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ رەببى الله تائالا ئۇلارنى بۇ يېقىملىق چاقىرىق بىلەن: «ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى مېنىڭ ئۇلۇغلىقىم بىلەن دوستلاشقان كىشىلەر قەيەردە؟ بۈگۈن، مەن ئۇلارنى مېنىڭ سايەمدىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمىغان كۈندە، ئۆز سايەمگە ئالىمەن» نىدا قىلىدۇ.

بۇ خىل شارائىتتىكى كىشىلەرنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋەزىپىسى ئۆز - ئارا بىر - بىرلىرىگە ۋەدە بېرىپ، يۇقىرىدا زىكىر قىلغان ئىشلارنى ئەتىبىقلاشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاسانلاشتۇرىشى، روزا، قىيام، زىكىر ۋە نەپسىنى ئىسلاھ قىلىشتەك تائەت ئىبادەتلەردە بىر - بىرىگە ھەمدەم بولىشى، نەپسىنى ئىسلاھ قىلىش دائىرىسىدە بىرى يەنە بىرىگە نەسىھەت قىلىشى، ناۋادا

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى، 62 - ئايەت.

www.munber.org

ئارىسىدىكىلەرنىڭ بىرەسىدە كەمچىلىك بارلىقىنى كۆرسە ئۇنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىشى لازىم.

يەنە يوقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۆگىنىش ئۆگىتىش ساھاسىدە، ئۆز- ئارا مۇتالىئە قىلىشى، مەسجىدلەردىكى دەرسلەرگە قاتنىشىشى، دەرستە ئالدىدا مېڭىش بويىچە ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىشى ۋە بۇنىڭدا بىر- بىرلىرىگە ياردەم بىرىششى لازىم.

شۇنىڭدەك دەۋەت ساھاسىدە دەۋەت ئېلىپ بېرىش ئۇسلۇبلىرىنى ئورتاق ئۆگىنىش ۋە شۇ ئارقىلىق دەۋەت ئېلىپ بېرىش يولىدا دۇچ كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان ئازاپلارنى يەڭگىللىتىشى زۆرۈر.بارلىق ساھەلەردە مۇشۇنداق داۋاملىششى كېرەك.

ئۇلار الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ھەربىر باسقۇچلىرىدا ھەر كۈنى بىر باسقۇچنى بېسىپ، نىشانىغا يەتكەنگە ياكى يولدا ۋاپات بولغانغا قەدەر بىرلىكتە ئۆرلەيدۇ. يوللار ئۇستىدە ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ئەجرى الله نىڭ ئىلكىدە بولىدۇ.

تىرىشىش بىزدىن مۇۋەپپىقىيەت ئاللاھ تائالادىن!

www.munber.org

# خاتىمە

ئى ياش قېرىنداشىم! بىز يۇقىرىدا بىزدىن تەلەپ قىلىنغان نۇرغۇن مەسىلىلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق. ئەمدى بولسا بىزگە، قىيامەت كۈنىگە بىزگە قارشى پاكىت بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزنى تەتبىقلاشقا تۇتۇش قىلىشتىن باشقا بىر نەرسە قالمىدى. كېلىڭ قېرىنداشىم، بۇ ئۆزۈن سەپەر ئۈچۈن ئۆزۈقلىرىمىزنى بىرلىكتە هازىرلايلى!

كېلىڭ! الله تەرىپىگە بىرلىكتە يۈزلىنەيلى! قەلبلەر جەننەتكە قانچە ئىنتىلىدۇ ـ هە!

ئاخىرىدا الله تائالادىن بۇ خىزمىتىمنى قوبۇل قىلىشنى،هەم ئۆزى ئۈچۈن خالىس قىلىشنى، مېنى ۋە قېرىنداشلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشنى ۋە جەننەتتە ئۇلار بىلەن بىر يەرگە جەم قىلىشنى تىلەيمەن. ئامىين، ئامىين، ئامىين.

سۆزىمىزنى ئالەملەرنىڭ پەردىگارى بولغان يىگانە الله غا هەمدۇ ئېيتىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز.

www.munber.org